السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# كىمىكى ئىككى قىزنى بالاغەتكە يەتكۈچە بېقىپ، تەربىيىلىسە قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز بۇ ئىككىسىدەك بولىمىز

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «كىمىكى ئىككى قىزنى بالاغەتكە يەتكۈچە بېقىپ، تەربىلىسە قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز بۇ ئىككىسىدەك بولىمىز» دەپ بارماقلىرىنى جۈپلەپ كۆرسەتكەن

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم "سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

بۇ ھەدىستە قىزلارنى ياخشى تەربىيىلەشنىڭ پەزىلىتى بايان قىلىنغان، چۈنكى قىزلار ھەر جەھەتتىن ئاجىز، كۆپۈنچە ئائىلىلەر ئۇلارنى تەربىيەلەشكە سەل قارايدۇ ۋە ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمىكى ئىككى قىزنى بالاغەتكە يەتكۈچە بېقىپ، تەربىيەلىسە قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز بۇ ئىككىسىدەك بولىمىز» دەپ ئىگىز بارمىقى بىلەن ئوتتۇر بارماقلىرىنى جۈپلەپ كۆرسەتكەن، يەنى، ئۇ كىشى جەننەتتە رەسۇلۇللاھقا ھەمراھ بولىدىغانلىقى، تەربىيەلەپ باققان قىزلار باللىرى بولسۇن ۋە ياكى سىڭىللىرى بولسۇن ۋە ياكى ئۇنىڭدىن باشقا قىزلار بولسمۇ يەنىلا ئۇ ئادەم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە بولىدىغانلىقىنى رەسۇلۇللاھ ئىككى بارمىقىنى بىر قىلىپ ئۇ كىشىگە خۇش بىشارەت بەرگەن. تەربىيەلەش كۆپۈنچە ماددى ئېھتىياجلىرىنى، كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك، تۇرىدىغان جاي، يوتقان كۆرپىگە ئوخشاش نەرسىلەرنى تەمىنلەش بىلەن بولغاندەك مەنىۋى ئېھتىياجى بولغان تەلىم-تەربىيە ۋە قائىدە-يوسۇنل، ياخشى يامانىنى بىلدۈرۈش بىلەن بولىدۇ. خۇلاسىلىغاندا قىزلارغا دۇنيا-ئاخىرەتتە پايدىلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆگۈتۈش بىلەن بولىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3360

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee